# شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمتى

# East Turkistan Government-in-Exile

2019-يىل 2-دېكابىر، دۈشەنبە

## ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى سىياستى قانۇننى تەستىقلاشقا جىددى ئىلتىماس

1949-يىل ئۆكتەبىردە خىتاي كومىنىست كۈچلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى ۋە 1949-يىل 22-دېكابىردا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىللىقىمىزنى ئاغدۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خىتاي كومىنىست پارتىيىسى رېجىمىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مۇستەملىكە ۋە قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئۆتكەن يەتمىش يىلدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىليونلىغان بىگۇناھ ئىنسانلار قىرغىنچىلىقنىڭ ھەرخىل ۋاستىلىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. توپلام ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىش، ئاچارچىلىق، ئاتوم سىنىقى، بوۋاقلارنى چۈشۈرىۋېتىش، قىيناق ۋە باشقا ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بولۇپمۇ 2009-يىلىدىكى ئۈرۈمچى نامايىشىدىن كىيىن، خىتاي كومىنىست پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ئۇيغۇر\تۈرك كىملىكى ۋە خەلقىنى يوقۇتۇشتا ۋەھشى بولۇپ كەلدى. 2016-يىل خىتاي ''ئەسەبىلىككە قارشى تۇرۇش، تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش '' نامىدا مىليونلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنى زور كۆلەمدە قاماش ھەرىكىتىنى باشلىدى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى مۇداپىئە مىنىستىرلىقى 2019-يىل مايدا جازا لاگىرلىرىدىكى ''قايتا تەربىيىلىنىش'' سىياسى كاللا يۇيۇلۇپلا قالماي، مەجبۇرى دورا يېدۈرىلىش، ئاچ قويۇلۇش، باسقۇنچىلىق، مەجبۇرى ھاشار، جىسمانىي قىيناقلارغا دۇچار بولىۋاتقان ھەتتاكى ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۈچ مىليون ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلدى. يېقىنقى خىتاي ئىچكى قىسمىدىن ئاشكارىلىنىپ كەتكەن ماتېرىيال ۋە ئەمگەك لاگىرى، تۈرمە دەپ گۇمان قىلىنغان نۇقتىلارنىڭ سۈنئىي ھەمرا كۆرىنىش ئانالىزى تۇتقۇنلارنىڭ سانى ئۈچ مىليوندىن كۆپ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. خىتاي شىنجاڭ دەپ ئاتايدىغان مۇستەملىكە قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئۇستىدىكى زۇلۇم شەك شۈبھىسىز مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىلا ئەمەس يەنە جىسمانى قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگە يەتتى.

ناتسىست گېرمان رېجىمىدىكى يەھۇدى خەلقى ۋە باشقا مىليونلىغان خەلقلەرنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن كىيىن خەلقئارا جامائەت ''ھەرگىز قايتىلانمايدۇ'' دەپ قەسەم قىلغان ئىدى. ۋەھالەنكى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستاندىكى يەنە بىر چوڭ قىرغىنچىلىق، ئىرقىي يوقىتىشقا شاھىت بولماقتا. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەلگۈسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ئەركىن دۇنيادىكى ئەركىن، دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ شەپقىتىگە باغلىق بولۇپ قالدى.
شۇ ۋەجىدىن بىز ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى سىياستى قانۇنى\ئۇيغۇر قانۇننى دەرھال تەستىقلاشقا جىددى چاقىرىق قىلىمىز، ھەمدە بىز ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىلىكلىرىنى قىرغىنچىلىق دەپ تونۇشىنى ۋە كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزىۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى توسۇپ قېلىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز.
ھەمدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى ۋە ئەركىن دۇنيادىكى بارلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ، خەلقئارا قانۇن بويىچە شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە زېمىن دەپ تونۇشىنى چاقىرىق قىلىمىز.

سالىھ خۇدايار
باش مىنىستىر
شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندى ھۆكۈمىتى

1325 G Street NW, Suite 500
Washington, DC USA
www.East-Turkistan.Net | +1 (202) 489-0741 | PM@East-Turkistan.net